# چەتئەل ئارىلىشىشىنىڭ جامائەت تەشكىلاتلارغا تەسىر كۆرسىتىش مىساللىرى

جامائەت تەشكىلاتلىرى جامائەتنى قوللاش ۋە شەكىللەندۈرۈشتە، قارار چىقىرىش جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىشتە ۋە كۆپ خىل گۇرۇپپىلارنى ئۆز ئارا باغلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئالاقە تورى ۋە ئىشەنچلىك مۇناسىۋەتلىرى ئۇلارنى جامائەت رەھبەرلىكى ۋە سەپەرۋەرلىكىدىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇرىدۇ.

چەتئەلنىڭ **مەخپىيى، مەجبۇرلاش، ئالدامچىلىق ياكى پارىخورلۇق ھەرىكەتلىرى** ئارقىلىق جامائەت تەشكىلاتلىرىغا ئارىلىشىشى بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇستەقىللىقىغا زىيان يەتكۈزۈپ، مەھەللە ئىشەنچى ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكىنى ئاجىزلىتىشى مۇمكىن.

بۇنداق ئارىلىشىش يەنە تەشكىلات ۋە كەڭ جامائەتنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىشەنچى ۋە سۆز ئەركىنلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

چەت دۆلەتلەرنىڭ يېڭى زېلاندىيەدىكى جامائەت تەشكىلاتلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق مۇداپىئەلىنىش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تەپسىلىي چۈشىنىۋېلىڭ.

**چەتئەل ئارىلىشىشىنىڭ جامائەت تەشكىلاتلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش مىساللىرى**

تۆۋەندە چەتئەل ئارىلىشىشىنىڭ جامائەت تەشكىلاتلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئائىت ئۈچ مىسال كۆرسىتىلدى. بۇ مىساللاردىكى <<چەتئەل>> يېڭى زېلاندىيەدىن باشقا ھەر قانداق دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ مىساللار كۆپ مەدەنىيەتلىك يېڭى زېلاندىيە - يېڭى زېلاندىيە كۆپ مەدەنىيەتلىك كېڭەشلەر بىرلەشمىسى ئېتنىك جامائەتلەر مىنىستىرلىكى بىلەن تەمىنلىگەن تەجرىبە ۋە قاراشلارغا ئاساسلانغان. بۇ ماتېرىياللار ۋە 'جامائەت تەشكىلاتىنى چەتئەل ئارىلىشىشىدىن قوغداش' ماتېرىياللىرىغا قوشقان قىممەتلىك تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

تۆۋەندىكى مىساللار 1961-يىلدىكى جىنايەت قانۇنى بويىچە چەتئەل ئارىلىشىشى دەپ قارىلىشى مۇمكىن بولغان پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدىغان پەرەزىي سىنارىيەلەر.

**بۇ ئومۇمىي ئۇچۇر. بۇ پەقەت سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىز ئۈچۈن، قانۇنىي مەسلىھەت ئەمەس. كونكرېت قانۇنىي مەسلىھەت ئۈچۈن، لاياقەتلىك قانۇنى مۇتەخەسسىس بىلەن سۆزلىشىڭ.**

# بىرىنچى مىسال: يېڭىدىن سايلانغان باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ چەت دۆلەت نامىدىن ھەرىكەت قىلىشى.

**نېمە ئىش يۈز بەردى**

بىر جامائەت تەشكىلاتى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ھەيئەت سايلىمى ئۆتكۈزىدۇ. سايلام تەشۋىقاتى ۋە جامائەت بىلەن ئالاقە قىلىش ئارقىلىق ئىككى يېڭى ئەزا سايلانغان.

سايلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئەزا ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت ۋاكالەتچىسى رولىنى ئوينىغان. ئۇلار چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرىكەت قىلغان ۋە بۇ مۇناسىۋەت قەستەن تەشكىلاتتىن يوشۇرۇلغان.

بۇ ئىككى ئەزا قەستەن چەت ئەلنىڭ مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشىدىغان بەزى جامائەت مەسىلىلىرىنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنغان. بۇنى ئادەتتىكى تەشكىلات قارارىدەك كۆرسەتسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئالدامچىلىق بىلەن چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئۇلار يەنە چەتئەلگە قوشۇلمىغان ۋە چەتئەلگە ئۇيغۇن بولغان كۆز قاراشلارنى تەشەببۇس قىلغان باشقا ھەيئەت ئەزالىرىغا بېسىم ئىشلەتكەن.

باشقا ھەيئەت ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ جامائەت ئەزالىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئىنكاس قىلىشۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىككى ئەزا ئاغا «ئۇلاركىم؟» دەپ سوراپ شەخسىي ئۇچۇرىنى تەلەپ قىلدى. يېڭى ئەزالارنىڭ چەتئەلنىڭ ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىشۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، باشقا ھەيئەت ئەزالىرى بۇ ئۇچۇرلارنى بەرمىدى.

باشقا ھەيئەت ئەزالىرى ھەيئەت يىغىنلىرىدا سەزگۈر مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا نامىسىز تەھدىتلەرنى تاپشۇرۇۋالغان. بۇ يىغىنلار ئاشكارە بولمىغان ۋە مۇزاكىرە قىلىنغان ئۇچۇرلار ئېلان قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، تەشكىلات يېڭى ئەزالارنىڭ چەتئەلگە دوكلات بېرىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلاندى.

**بۇ نېمە ئۈچۈن چەتئەل ئارىلىششى بولىدۇ؟**

چەتئەل دۆلىتى ۋاكالەتچى ئىشلىتىپ تەشكىلاتنىڭ ئىچكى قارارىغا يوشۇرۇن ئارىلىشىپ، چەتئەلنىڭ مەنپەئەتىگە ئوخشىمايدىغان پىكىرلەرنى باستۇردى.

پىكىرلەرنى قەستەن باستۇرۇشقا ئۇرۇنۇش جەمئىيەتنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

شەخسىي ئۇچۇر تەلەپ قىلىش جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ تەھدىت پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

بىر « ۋاكالەتچى ياكى ۋاكالەتچىلەر» بولسا شەخسلەر ياكى گۇرۇپپىلار بولۇپ، كۆپىنچە يېڭى زېلاندىيەدە تۇرۇشلۇق، ئۇلار چەت دۆلەتلەر نامىدىن بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

# ئىككىنچى مىسال: جامائەت پائالىيىتىگە كىمنىڭ قاتنىششىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇش

**نېمە ئىش يۈز بەردى؟**

يېڭى زېلاندىيەدىكى بىر جامائەت تەشكىلاتى ئەجدادلىرى، سالاھىيىتى ۋە جامائىتىنىڭ تارىخىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن يىللىق مەدەنىيەت مۇراسىمىنى ئۇيۇشتۇرۇۋاتاتتى.

چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى بىلەن تونۇلغان بىر شەخس پائالىيەت تەشكىللىگۈچىلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، «كۆزقارىشى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىت» دەپ قارالغان مەلۇم جەمئىيەت ئەزالىرىنى قاتناشتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

بۇ شەخس ئەگەر تەشكىللىگۈچىلەر بۇنىڭغا بويسۇنمىسا، تەسىرى كۈچلۈك جامائەت رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ، تەشكىلاتنى ئاشكارا تەنقىد قىلدۇرۇش، سەلبىي ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ۋە تەشكىلاتنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزۈش بىلەن تەھدىت سالدى.

چەتئەل دۆلەت بۇنداق ھەرىكەتنىڭ تەشكىلاتنىڭ يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمەت ۋە باشقا مەبلەغ تەمىنلىگۈچىلەردىن ياردەم ئېلىش ئىقتىدارىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بۇ تەشكىلات بۇ تەھدىتلەرنىڭ ئۇلارنى ئۆز قىممەت قارىشىغا خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇرلاش ۋە قارار چىقىرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇ تەشكىلات كىشىلەرنى قاتناشتۇرماسلىقنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىناۋىتىگە زىيان يېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى.

**بۇ نېمە ئۈچۈن چەتئەل ئارىلىششى بولىدۇ؟**

بىر چەتئەل دۆلىتى تەشكىلاتنىڭ ئۆز قىممەت قارىشىغا زىت كېلىدىغان قارارلارنى مەجبۇرىي چىقىرىش ۋە ئابرويىغا دەخلى قىلىش ئارقىلىق جامائەتنىڭ قاتنىششىنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

چەتئەل دۆلىتى ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا ئارىلاشقان، ئۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنىڭ تەھدىتى بۇ تەشكىلاتنىڭ يېڭى زېلاندىيە جەمئىيىتىگە تولۇق قاتنىششىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

Community Resilience to Foreign Interference

# ئۆچىنچى مىسال: مەبلەغ ۋە سوۋغاتلار ئارقىلىق جامائەت ئەزالىرىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىشقا ئۇرۇنۇش

**نېمە ئىش يۈز بەردى؟**

يېڭى قۇرۇلغان بىر جامائەت تەشكىلاتى جامائەت تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇلار ئۆز ئەسلى دۆلىتىنىڭ ئەلچىخانىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىندى ۋە قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىدىن خۇشال بولدى ۋە بۇنى ئەلچىخانا بىلەن ئىجابىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن قىممەتلىك پۇرسەت دەپ قارىدى.

يىغىندا ئۇلارغا بۇ تەشكىلاتقا ئىزچىل ئىقتىسادىي ياردەم ۋە ئەزالارغا ئايرىم سوۋغات تەقدىم قىلىندى. ئەلچىخانا يەنە بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئاشكارا قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ جامائەت تەشكىلاتى ئەلچىخانىنىڭ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە ئىلھاملاندۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ بىر قىسىم پائالىيەتلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاشقا تايىنىپ قالدى.

ئالتە ئايدىن كېيىن، ئەلچىخانا مەزكۇر تەشكىلات بىلەن ھەمكارلاشقان جامائەت ئەزالىرىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ تەمىنلىگەن قوللاش سەۋەبىدىن «ئۇلارغا قەرزدار» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ تەشكىلات شەخسىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇرلانغان ۋە تەھدىتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار رەت قىلغان. ئەلچىخانىنىڭ قوللىشى توختىتىلدى .بۇ تەشكىلاتنىڭ بەزى پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى.

**بۇ نېمە ئۈچۈن چەتئەل ئارىلىشىشى بولىدۇ؟**

بىر چەت دۆلەت تەشكىلاتنىڭ تەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە مەقسەتلىك سوۋغات ۋە مەبلەغنى ئىشلەتكەن ۋە ئاندىن .جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەخپىي شەخسىي ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىشكە ئۇرۇنغان.

بۇ چەت دۆلەتنىڭ ئۆز مەقستى ئۈچۈن ئۇچۇر توپلاش ۋە تەشكىلىي قارارلىرىغا ئارىلىششقا مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۇرۇنۇش ئىدى.